## 22174 ـ نامازدا ئىككى كۆزنى يۇمۇۋېلىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

**سۇئال**

نامازدا ئىككى كۆزنى يۇمۇۋالسا قانداق بولىدۇ؟.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئۆلىمالار نامازدا سەۋەبسىز كۆزنى يۇمۇۋېلىشنىڭ مەكرۇھ ـ ياخشى كۆرۈلمەيدىغان ئىش ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاقا كەلگەن بولۇپ، "ئەلرەۋزۇل مۇربىئ" ناملىق ئەسەرنىڭ ساھىبى "نامازدا كۆزنى يۇمۇۋېلىش ياخشى كۆرۈلمەيدۇ، بۇ يەھۇدىيلارنىڭ قىلىقى"دەپ بايان قىلدى. ["روۋزۇل مۇربىئ"1-توم 95-بەت].

شۇنىڭدەك "مەنارۇس سەبىيل" ۋە "ئەلكافى" قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ساھىبلىرىمۇ ئاشۇنداق دەپ، بۇنداق قىلىش ئۇخلاپ قالدىمىكىن دېگەننى ئىپادىلەيدۇ دېگەن سۆزنى زىيادە قىلدى. ["مەنارۇس سەبىيل"1-توم 66-بەت، كاپىئ 1-توم 285-بەت].

"ئەلئىنقائ" دېگەن كىتابنىڭ ساھىبى: زۆرۈر بولمىغاندا كۆزنى يۇمۇۋېلىش ياخشى ئەمەس، بۇ خۇددى ھەزەر قىلىنغان نەرسىدىن قورققانغا ئوخشاش خۇددى بىر كىشى ئۆزىنىڭ دېدىكى ياكى ئايالىنى ياكى يات بىر ئايالنى يالىڭاچ كۆرۈپ قالغاندا كۆزنى يۇمۇۋالغانغا ئوخشاش دېگەن، مۇغنىنىڭ ئاپتۇرىمۇ شۇنداق دېگەن. ["ئەلئىنقائ"1-توم 127-بەت. "ئەل مۇغنى"2-توم 30-بەت].

"تۆھپەتۇلمۇلۇك"ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتۇرىمۇ: ھاجەت بولغان ياكى بولمىغاندا دېگەن سۆزنى زىكىر قىلماستىن كۆزنى يۇمۇۋېلىشنىڭ ياخشى كۆرۈلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ["تۆھپەتۇلمۇلۇك"1-توم 84-بەت].

كاسانى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "نامازدا كۆزۈنى يۇمۇۋېلىش ياخشى ئەمەس، بۇ سۈننەتنىڭ خىلاپى ھېسابلىنىدۇ، نامازدا سەجدە قىلىدىغان ئورۇنغا قاراش يولغا قويۇلغان، چۈنكى ھەرقانداق بىر ئەزانىڭ ئىبادەتتىن نېسىۋىسى بولىدۇ، ئاشۇنىڭغا ئوخشاش كۆزنىڭمۇ نېسىۋىسى بار. ["بەدائىئ ئەسسەنائىئ"1-توم 503-بەت].

"ئەل مۇراقىي ئەلپەلاھ" دېگەن ئەسەرنىڭ ساھىبىمۇ: ھېچ بىر پايدىسىز، كۆزنى يۇمۇۋېلىش ياخشى ئەمەس، ئەمما كۆزنى ئېچىپ تۇرۇشتىن يۇمۇش ياخشى بولسا يۇمسا بولىدۇ،"دېگەن. ["مەراقىي ئەلپەلاھ"1-توم 343-بەت].

ئىمام ئىززىددىن ئابدۇسالام ئۆزىنىڭ پەتىۋاسىدا: ھاجەت بولغاندا يەنى كۆزىنى يۇمۇۋېلىش نامازدا خۇشۇئنى زىيادە قىلسا، ئۇ ۋاقىتتا كۆزىنى يۇمۇۋېلىش دۇرۇس دېگەن، ئىبنى قەييىم "زادۇل مىئاد"ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر ئىنسان نامازدا كۆزىنى ئېچىپ تۇرسا خۇشۇئ كۆپ بولىدىكەن كۆزىنى ئېچىپ تۇرۇش ياخشى بولىدۇ، ئەگەر كۆزىنى يۇمۇپ تۇرسا نامازدىن مەشغۇل قىلىپ قويىدىغان مەسچىتتىنىڭ نەققاشلىقى ۋە زىننەتلىرى كۆرمەي، نامازنى بەك خۇشۇئ بىلەن ئادا قىلىدىغان بولسا ئۇ ۋاقىتتا كۆزىنى يۇمۇۋېلىش ھەرگىزمۇ ئۆچ كۆرۈلمەيدۇ بەلكى كۆزنى يۇمۇش ياخشى دېگەن سۆز كۆزنى يۇمۇش ياخشى ئەمەس دېگەن سۆزگە كۆرە شەرىئەتنىڭ مەقسىتى ۋە ئۇسۇلىغا يېقىندۇر. ["زادۇل مىئاد" ناملىق ئەسەر 1-توم 283-بەت].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر